ئائىشەنۇر چالىكچى

# قىمار

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى
2012 – يىل، ئىستانبۇل

# قىمار

ئاپتورى: ئائىشەنۇر چالىكچى
تەرجىمە قىلغۇچى: م. گۈلگۈن
تەھرىرى: س. كۆكتۇغ
بەتچىك: ئىبراھىم بۇغرا

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................................ 5
كىرىش سۆز.......................................................11
قىمارنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ............13
قىمار ھەق تاپاۋەت ئەمەس......................................15
قىمار مال ئىسراپى ..............................................23
قىمار ۋاقىت ئىسراپى ...........................................25
قىمار سالامەتلىككە زىيانلىق ...................................29
قىمار ھېرىسى ..................................................33
قىمار ئىرادە ئاجىزلاشتۇرغۇچى .................................37
قىمار ئاممىۋىي خاراكتېرلىك پالاكەت .........................39
قىمار خۇمارى ...................................................41
مەۋھۇم دۇنيادىكى قىمار ........................................47
قىمار قەرزى نومۇس قەرزىدۇر ..................................49
ئاقىۋەت .........................................................51
بىر قىمارۋازنىڭ دەپتىرىدىن ...................................55

## مۇقەددىمە

ئىنسان ـ جەمئىيەتتە ياشايدىغان مەۋجۇدىيەتتۇر. كوللېكتىپ ياشايدىغان ئىنسانلار ئارىسىدا ھوزۇر – ھالاۋەتنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن، شۇ جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ھەر شەخس ئۆز ھەق – ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتىنى بىلىشى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن بۇرچىنى ئادا قىلىشى كېرەك. مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئالدى بىلەن شەخسنىڭ ئۆزىگە بولغان مەسئۇلىيىتىنى تونۇشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يەتكەن كىشى ئائىلىسى ۋە جەمئىيىتى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئادا قىلالايدۇ.

﴿ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ (يەنى شەرئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟﴾[1] دېگەن ئايەت ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەتكە ئىگە مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلسا، ﴿ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېمەتلەردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر﴾[2] دېگەن ئايەت ئەقلىدىن تارتىپ بېرىلگەن سان – ساناقسىز نېمەت ئۈچۈن ئىنساننىڭمۇ چامىنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بەلگىلىك مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلماقتا.

---

[1] سۈرە قىيامەت، 36 – ئايەت.

[2] سۈرە تەكاسۇر، 8 – ئايەت.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە داۋالغۇش ھاسىل قىلىۋاتقان سان – ساناقسىز ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا ئىنسانىيەت شان – شەرىپىگە لايىق پارلاق كېلەچەك بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەممىمىزنىڭ زىممىسىگە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلەر چۈشمەكتە. بىز ياشاۋاتقان دۇنيادا ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتىمىز.

بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا مىقياسىدا ئىنسانىيەت ئالىمىگە تەھدىت سېلىۋاتقان ئاچارچىلىق، يوقسۇللۇق، ئىشسىزلىق، مۇھىت بۇلغىنىشى، تەبىئىي ئاپەتلەر، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، تەڭسىز رىقابەت، ئەخلاقىي گۇمرانلىق، مەنىۋىيەتنىڭ كىرلىنىشى، كەيىپ قىلغۇچى ماددىلارغا ئۆگىنىپ قېلىش، ئېتىقادسىزلىق، زۇلۇم، پارىخورلۇق، سەھىيە شارائىتىنىڭ ناچارلىقى، مائارىپ ۋە قانۇن ساھەسىدە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر، تارىخىي ۋە مەدەنىي بايلىقلارنىڭ يوق قىلىنىشى ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان مەسىلىلەر بىلەن بىرگە، ئىنسانلار ئارىسىدىكى دىئالوگ، بىر – بىرىنى ھۆرمەت قىلىشتىكى كەمچىللىك، ئۆزگە يات نەرسىلەرنى قوبۇل قىلالماسلىق ۋە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ۋە ئىنسانلارنىڭ ئوخشاش ماكاندا ھوزۇر ۋە تىنچلىق ئىچىدە ياشاش مەسىلىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋەھشىيلىك ۋە تېرورىزمغا ئوخشاش مەسىلىلەر ئىچىدە ياشىماقتىمىز.

بۇ مەسىلىلەر پەقەت مەلۇم بىر جاي، رايون ياكى خەلققىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماي، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە بۇنداق ياكى ئۇنداق شەكىلدە تەسىر كۆرسەتمەكتە ۋە بۇ مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلدۈرمەكتە. بۇ مەسىلىلەرنى تېگىدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن خەلق ئىچىدە ياكى خەلقئارا جەمئىيەتتە چارە ـ تەدبىرلەر ئىزدەنمەكتە.

ئەسلىدە بۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ تېگىدە ئۆزىمىزدە مەۋجۇت بولغان بايلىقلىرىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلەلمەسلىكىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالماسلىقىمىز ياتماقتا. بۇ سەۋەپتىن بۇ بايلىقلىرىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلىشى ۋە ئۇنى ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدىغان بايلىققا ئايلاندۇرۇش ناھايىتىمۇ مۇھىم. شۈبھىسىزكى، بىز ئىگە بولغان ئەڭ قىممەتلىك بايلىق ئېتىقاد ۋە تەلىملىرى بىلەن 14 ئەسىردىن بۇيان ئىنسانىيەتنى يورۇقلۇققا ئېرىشتۈرگەن نۇرنىڭ مەنبەسى بولغان ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلامدۇر.

بۈگۈن، ئىنسان ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش مەقسىدى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان پسىخولوگىيىلىك داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن، ئېكولوگىيىلىك مەسىلىلەرگە ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى كۆرەشكىچە پۈتۈن دۇنيا مىللەتلىرى ياكى دۆلەتلىرى دىنىنىڭ مۇداخىلىسىگە، ياردىمىگە، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا «مۇقەددەس كۈچ»نىگە موھتاج بولماقتا.

ئىسلام دىنى زامانىۋىيلىققا ياردەم بېرەلەيدىغان، زامانىۋىي دۇنيا ئۈچۈن يېگى دىنىي چارىلەر تېپىپ بېرەلەيدىغان ھاياتى كۈچكە ئىگە دىندۇر. بۇ سەۋەپتىن مۇقەددەس دىنىمىز بۇيرىغان ۋە تەۋسىيە قىلغان تەڭ بەھرىمەن بولۇش ۋە ياردەملىشىشكە ئوخشاش پرىنسىپلارغا قۇلاق سېلىپ، بىر - بىرىمىز ئۈچۈن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتلىرىمىزنى بىلىشىمىز، مۇرىنى - مۇرىگە تىرىشىمىز، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق – سوغۇقلىرىنى بېشىمىزدىن بىللە ئۆتكۈزۈشىمىز، ياشىغىلى بولىدىغان ھالغا كەلتۈرۈشىمىز، ئىجتىمائىي ياردەملىشىش ۋە تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى ئاساس قىلغان بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشىمىز، ئادەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز، شاد -

خورامىلىق ۋە ھوزۇر ـ ھالاۋەتكە تولغان ئەتىلەرگە بىرلىكتە يېتىشىمىز لازىم.
تۈركىيە دىنىي ئىشلار باشقارمىسى ئۆز ئۈستىگە ئالغان قانۇنىي دائىرىدە كىشىلەرنىڭ دىنىي تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ۋە جەمئىيەتنىڭ ھوزۇرى ۋە بىرلىكىنى بەرپا قىلىشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ قاراپ كەلمەكتە. جەمئىيەتنىڭ مەنىۋىيىتىگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغان ئائىلە ئىچى مەسىلىلىرى، جەمئىيەتنىڭ ھەر قاتلىمىدا ھەر خىل شەكىلدە كۆرۈلۈۋاتقان قالايمىقانچىلىق، ئۆرپ ـ ئادەت جىنايەتلىرى، ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى، ئىجتىمائىي مۇھىتقا پەرۋاسىز قاراش، ناچار ۋە يامان خۇي ـ ئادەتلەرگە ئوخشاش ئاممىۋىي شەكىلدە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ھەل قىلىش كېرەك بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە دىنىي جەھەتتىن كەڭ جامائەتچىلىككە يول كۆرسىتىشنى ۋە بۇ ساھەدە مەۋجۇت بولغان خاتا دىنىي چۈشەنچىلەرنى تۈگىتىشنى، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئورگان ۋە تەشكىلاتلار بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىششنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلمەكتە. ئىناق ۋە تىنچلىق ئىچىدە ياشايدىغان، بىر ـ بىرىمىزگە ئىنسان سۈپىتىدە ھۆرمەت ۋە شەپقەت كۆرسىتىدىغان بىر دۇنيا بەرپا قىلىشتا مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ تەلىماتلىرىنى ئەبەدىي ئۆچمەس مەشئەل قىلىشنى مەقسەت قىلماقتىمىز.
بۇ مەقسەتتە تەييارلانغان «مەسىلىلىرىمىز ۋە مەسئۇلىيەتلىرىمىز» ناملىق بۇ ئەسەرنىڭ تىزىسى زامانىۋىي مەسىلىلەرنىڭ ۋەيرانچىلىقىنى، بۈگۈنكى دۇنيانى كۆزدە تۇتقان ھالدا دىنىنىڭ ئەسلى مەنبەسىدىن چەكلىمىگە ئۇچرىماي ئوتتۇرىغا چىقارغان، ئېتىقاد ۋە

ئەخلاق بىلەن يۇغۇرۇلغان توغرا چۈشەنچە بىلەن بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقىمىزنى، توغرا بولغان دىنىي چۈشەنچىنىڭ ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشقا رەھبەرلىك قىلغان بىر مەنىۋىيەتنىڭ جەمئىيەتكە قانچىلىك ھوزۇر ۋە خاتىرجەملىك بەخش ئېتەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

# كىرىش سۆز

قىمار - تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ، ئەخلاقىي بۇزۇلۇشلارنىڭ مۇھىم بىر تۈرىدۇر. قىمار - هارام يول بىلەن ئېرىشىدىغان پۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان تاماشا سورۇنى.

قىمار - ئىنسانلارنىڭ ۋاقىت ۋە كۈچىنى يۇتۇپ يوق قىلىدۇ. ئىنساننى هورۇنلۇق ۋە چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتۇرۇپ، هالال ئىشلەپ پۇل تېپىشتىن ئولتۇرۇپلا مال - دۇنيا قازىنىشقا ئادەتلەندۈرىدۇ. ئۇ ئىنساننى ھەممىدىن ئايرىيدۇ، خەيرلىك نەتىجىلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ. ئىنساننى ئوگۇشسىزلىققا، تېگى يوق هاڭغا باشلايدۇ ۋە ئاخىرىدا ۋەيران قىلىدۇ.

قىماردا باغلام - باغلام پۇللار خەجلىنىدۇ. هالبۇكى، ئويۇن - تاماشا ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان شۇ پۇللار موھتاجلىقتا قالغان بىر مۇنچە كىشىلەرنى پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشكە يەتمەسمىدى...

قىمار ئىنسانلارغا زور زىيان يەتكۈزمەكتە. بۇنى گېزىت ۋە تېلېۋىزورلاردىن كۈندە كۆرگىلى بولىدۇ. يەنى، قىمار سەۋەبىدىن باشقا كەلگەن كۈلپەتلەر، تىراگېدىيەلەر؛ مەجبۇرى ئىمزا قويغۇزۇلغان چەكلەر؛ بىر كېچىدىلا ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلار؛ قىمار ئويناپ قەرز سەۋەبىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلار، سەرسان بولغانلار؛ ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلغاچ ئىللىق ئائىلىسىنى ۋەيران قىلغانلار ياكى يىللار بويى يېمەي - ئىچمەي توپلىغان مال - دۇنياسىنىڭ بىر

قانچە سائەت ئىچىدە كۆلنى كۆككە سورۇپ باش قېتىنچىلىقىدا قالغانلار؛ شۇنداقلا، بۇ سەۋەبلىك ھېچ ئىككىلەنمەستىن جىنايەت يولىغا ماڭغانلار...

ئاخىرىدا، ۋەيران بولغان ئائىلىلەر ۋە بۇزۇلغان نىكاھلار ئارقىسىدا قالغان بوينى قىسىق مەسۇم باللار...

ئۇنداقتا، قىمار دېگەن زادى نېمە؟ كىشىلەر نېمىشقا قىمار ئوينايدۇ؟

قىمار كىشىلەرنىڭ پېشىدىن تارتىپ باشلىنىپ، ئاخىرىدا ھەسرەت — نادامەت ئىچىدە ئاخىرلىشىدىغان ئويۇنمۇ؟ ياكى پەقەت بىر ئىنتىلىش، قىسقا ۋاقىتلىق قانائەت ۋەياكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرغۇچى ئىستەكمۇ؟ ياكى شەخسىي ۋە كوللېكتىپ ھاياتىدا چوڭقۇر يارا قالدۇرىدىغان، كوللېكتىپ ۋە ئائىلىنىڭ خۇشاللىقىنى بۇزۇپ، مېھرى - مۇھەببەت ۋە قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ئۈزىدىغان، نەپرەت، دۈشمەنلىك ۋە ئىنتىقام تۇيغۇلىرىنى پەيدا قىلىپ، ئىش ھاياتى ۋە ھالال مېھنەتنى ۋەيران قىلىدىغان بىر يامان ئادەتمۇ؟ كىشىنى ئائىلىسىدىن، ئەتراپىدىكىلەردىن، ئادىمىيلىك ۋە دىنىي ئەمەللەردىن ئۈزاقلاشتۇرىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكمۇ؟

## قىمارنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

قىمار - نەتىجىسىنى ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان، ئېھتىماللىقنى مەلۇم بىر نەرسىگە باغلاپ تۇرۇپ مال بېرىش ۋە مال ئېلىش دېمەكتۇر.

قىمار- ئىسمى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوتتۇرىغا پۇل ياكى مال - بۇيۇم قويۇپ ئوينىلىدىغان بىر تەلەي سىناش ئويۇنىدۇر.

قىمار- تەلەي ۋە تاكتىكىنىڭ ئىككىسىدىن بىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ، ئېنىق ياكى ئېنىقسىز بىر ئىشنىڭ نەتىجىسى ئۈستىدە تىكىشىش ۋە بۇ ئارقىلىق پايدىغا ئېرىشىش (ياكى زىيان تارتىش)تۇر.

قىمار بىر باشلىنىشنىڭ خاتىمىسى، ئۈمىدنىڭ يوقۇلىشى، تاپقان – تەرگىنىمىزنىڭ ئالقىنىمىز ئارىسىدا غايىپ بولۇشى، "ئېرىشكەنىدىم، يەنە ئېرىشىمەن" دېگەن چاغلاردا ئۈنىڭدىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنىڭ يوقۇلىشىدۇر.

ئىنسانلار بۇرۇندىن تارتىپلا بەزى ھادىسىلەرنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلاردا ئۆزئارا تۇتۇشقان ۋە ئاخىرىدا جانلىرىنىمۇ دوغا تىكىشكەن. قىمارنىڭ ئەڭ ئاۋۋال نەدە، قاچان پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىقلاش مۇمكىن ئەمەس. بۇ دەل قىمارنى مەدھىيىلەپ، كۆككە كۆتۈرىدىغان ئادەتنىڭ يوقلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

قىمار جەمئىيەتتە پەرقلىق شەكىللەردە ئومۇملاشقان ۋە ئىنسانىيەت تارىخىدا خېلى بۇرۇندىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن. شىمالىي ئافرىقا، مىسىر ۋە ئىران قاتارلىق دۆلەتلەر ھەمدە

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ھىجاز – ئەرەب جەمئىيىتىدىمۇ كۆڭۈل ئېچىش ۋە مال – دۇنياغا ئېرىشىش ۋاستىسى سۈپىتىدە ئومۇملاشقان ئىدى. جاھىلىيەت مەزگىلىدە قىمار يولى بىلەن مال – دۇنيا توپلاشتىن ئۇيالغان ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنى بەكراق كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئوينىغان. ئەرەبلەردىمۇ ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان ”مەيسىر“ دەپ ئاتالغان، ئۈستىگە ھەق ۋە خېيىمخەتەر قىممەتلىرى يېزىلغان، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم ئىسىملىرى بولغان، بەلگىلىك ساندىكى ياغاچ چىۋىقلارنى تارتىش شەكلىدە ئوينالغان.

## قىمار ھەق تاپاۋەت ئەمەس

قىمار ئاساسى جەھەتتىن تەلەي ۋە تاسادىپىيلىققا باغلىق بولغان ئىېرىشىش ۋەياكى يوقىتىش ئويۇنى، ئىېنىقسىز بىر نەتىجىگە ئۈمىد باغلىغانلاردىن توپلانغان مال بولۇپ، بۇ يول بىلەن بىر ۋە ياكى بىر قانچە كىشى ئارىسىدا چۆگىلەيدۇ.

قىمارنىڭ ھەرقايىسى دەۋر ۋە جەمئىيەتلەردىكى تۈرى پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما تۈپ نىېگىزىدىن ئىېيتقاندا، ئۇنىڭ دۇرۇس يول بىلەن پايدىغا ئىېرىشىش پرىنسىپلىرىغا يات بولۇش، ئەمگەك ۋە ئىشلەپچىقىرىش قابىلىيىتىنى قۇرۇتۇۋېتىش، ئىشلىمەي تىېپىش تاماسىنى پەيدا قىلىش، پۇل- مال ۋە ۋاقىتنى بىكارغا سەرپ قىلىش، ئىرادىدىكى ئاجىزلىق ۋە چۈشكۈنلىشىش قاتارلىق بىر قاتار سەلبىي نەتىجىلەرگە يول ئاچقانلىقى ئۈچۈن، دىنلار ۋە ئەخلاق تەرغىبلىرى تەرىپىدىن تىزگىنلەنگەن ۋە ئۆچ كۆرۈلۈپ كەلگەن.

ئىسلام دىنىدا قىمار چەكلەنگەن. ئىسلامدا نىېمىلەرنىڭ قىمار بولىدىغانلىقى ئايرىم – ئايرىم سانالماستىن، ئىېنىق بىر قانچە مىسال ئارقىلىق قىمار چەكلىمىسى كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن قىمارنىڭ پەقەت مىسالغا ئىېلىنغان خىللىرىنىڭلا چەكلەنگەنلىك مەنىسى چىقمايدۇ. ئىسلام قىمارنى چەكلىگەن ئىكەن، ئۇنىڭ تۈرىنى ئەمەس، بەلكى ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتنى كۆزدە تۇتقان. بۇنىڭ بىلەن دىنىنىڭ چەكلىگەنلىرىنىڭ توغرا قوبۇل قىلىنىشى ھەم قىمارنىڭ چەكلىنىش سەۋەبلىرىنىڭ توغرا بىلىنىشى ھەم ئۇنىڭ خىللىرىدىن

پەرقىنىــڭ ئېنىقلىنىشــى ئــارقىلىق ئەمەلــگە ئاشــىدۇ. ئەمەلىيەتــتە تارىخىي جەريانلاردا ئىسلام ئالىملىرى قۇرئــان ۋە ســۈننەتتە تــۈنجى بولۇپ تىلغا ئېلىنغان ”قىمار چەكلىمىسى“نى ئۆز زامانــدا باھالاشــقا ۋە چەكلىــنىش دائىرىســـىنى ئېنىقلاشــقا كىرىشــكەندە ھەم ماۋزۇغــا مۇناسىۋەتلىك دىنىي ئەمر ۋە چەكلىمىلەرنىــڭ شــەرت – شــارائىت ۋە مەقسىتىنى ھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتتە بىر يۈقۇملۇق كېســەل ســۈپىتىنى ئالغــان ناچــار ئــادەتلەرنى ۋە بــۇلار كەلتــۈرۈپ چىقارغــان ئــاقىۋەتلەرنى كــۆزدە تۇتقــان بولــۇپ، بــۇ زىمىنــدا قىمــار دائىرىســـگە كىرىـــدىغان تــۈرلەرنى ۋە بۇلارنىـــڭ دىنىـــي ھـــۆكمىنى ئېنىقلاشقا تىرىشقان.

قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىســـدا سورىشــدۇ، ســەن ئۇلارغــا: «بۇنىــڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايــدىمۇ بــار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمــۇ چــوڭ» دېگـــىن﴾[1]. بۇنىڭــدىن كۆرۈۋېلىشــقا بولــدۇكى، قىمــار ئەيىــبلەنگەن. يەنە بىــر ئايەتتىمۇ قىمار توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن:

﴿ئى مۆمىنلەر! ھــاراق ئىچىــش، قىمــار ئوينــاش، بــۇتلار (يەنــى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پــال ســېلىش شــەيتاننىڭ ئىشــى، پاســكىنا قىلىقــلاردۇر، بەخــتكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولــۇڭلار. شــەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغــدۇرماقچى،

[1] سۈرە بەقەرە، 219 – ئايەت.

سىلەرنى نامازدىن ۋە اﷲنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟﴾[1]

يۇقارقىلاردىن مەلۇمكى، قۇرئانى كەرىم ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇشتا پۈتلىكاشاڭ بولغان ئىككى ناچار ئادەت يەنى ھاراق بىلەن قىمارنى تىلغا ئالغان. بۇ گۇناھ ۋە چەكلىمە سادىر بولۇش، اﷲنى زىكرى قىلىشتىن ۋە نامازدىن توسۇش، ئىنسانلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىش، زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىككە يول قويۇش قاتارلىق ھەقىقەتلەر ئارقىلىق ئىزاھلانغان.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ قىمار، بەزىدە مەيسىر نامىدا، بەزىدە بولسا، ئۇ مەزگىلدىكى باشقا قىمار تۈرلىرىنىڭ نامىدا ئاتىلىپ چەكلەنگەن. بۇ يول بىلەن ئېرىشىلگەن پۇل ۋە قىمار ئويۇنغانلار قاتتىق ئەيىبلەنگەن.

ئىسلامدا قىمار چەكلىمىسى، جاھىلىيەتتىكى شەكلى بىلەن ۋەياكى چەكلىك ساندىكى بىر قانچە كىشى ئارىسىدا ئويلىنىدىغان تەلەي ئويۇنلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى بۈگۈنكى كۈندە خىلمۇخىل ئىسىم ۋە ئېنىقلىمىلار ئاستىدا داۋام قىلىۋاتقان ۋە كېڭىيىۋاتقان، ئېنىقسىز بىر نەتىجە ۋە تەلەيگە باغلاپ، باراۋەر ئۆتۈشۈش ئارقىلىق ئۇتۇشنى ۋەياكى ئۇتتۇرۇشنى ماۋزۇ قىلغان قىمار ماھىيەتتىكى چەك تارتىش، تەلەي ئويۇنلىرى ۋە مۇسابىقە نەتىجىسىگە تىكىشىشلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئۇتقان كىرىمنىڭ خەير – ساخاۋەت ئىشلىرى ياكى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى

---

[1] سۈرە مائىدە، 90 – ۋە 91 – ئايەتلەر.

ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى قىمارنىڭ دىنىي ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ باردۇ.

ئىسلامدا ھەم ھالال تاپاۋەتنى قوغداپ ۋە ھارام يولدىن مال – دۇنيا تېپىشنىڭ توسۇلۇشى، ھەم ئىقتىسادىي ئىمكانلارنىڭ مۇمكىن بولغىنىچە جەمئىيەتنىڭ كەڭ قاتلاملىرىدا تارقىلىشى ئاساسلىق ئامىللاردىن بىرى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن، ئىسلام دۇنيانى تېخىمۇ ياخشى ھالەتكە كەلتۈرۈش ۋە ئىنسانغا خاس بىر ھايات پەيزى سۈرمەك ئۈچۈن ئەجىر قىلىپ ئىرىشىشنى، الله ئاتا قىلغان نېمەتلەردىن بولغىنىچە پايدىلىنىشنى ئەمر ۋە تەۋسىيە قىلدۇ، ھالال تاپاۋەتكە ئېرىشىشنى بۇيرىدۇ. ئەجىر قىلماستىن، كۈچ سەرپ قىلماستىن، ئەمگەك سىڭدۈرمەستىن، تەر تۆكمەستىن باشقىلارنىڭ مال – دۇنياسىنى ھەقسىز ئورۇندا قولدىن تارتىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلۇغ الله مۇسۇلمانلارنىڭ ھالال يول بىلەن تاپاۋەت قىلىشى كېرەكلىكىنى بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن:

﴿ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار...﴾[1].

قىمار يوللۇق بولمىغان بىر تاپاۋەت يولى. چۈنكى قىمار خەلقنى تاپاۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەجىر قىلىشتەك ھەق يولدىن يىراقلاشتۇرىدۇ، ھالال مېھنەتنى ئارقىلىق ئىگە بولۇش خۇشاللىقىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.

[1] سۈر□ نىسا، 29 – ئاي□ت.

قىمار ئۇتقانسېرى باشقىلارنى، ئۇتتۇرغانسېرى ئۆزىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. باشقىلارنىڭ زىيىنى بەدىلىگە ئېرىشكەن پايدا ھالال بولمايدۇ. باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتماستىنمۇ پايدا تېپىش يولى تۇرسىمۇ، بۇ يولنى تاللىماسلىقنىڭ ئۆزى خاتا.

ئېرىشكىنىنىڭ ھالال بولۇشى، ھەق بولمىغان يول ئارقىلىق ئېرىشكەن ياكى ئېرىشمىگەنلىكىگە باغلىق بولىدۇ. تۇرمۇشنىڭ ھالال يول بىلەن كېلىشى، دىنىمىزگە خاس ئىبادەت سۈپىتىدە ئۆلچىنىدۇ. ”قانداق تاپاۋەت ئەڭ ساپ ۋە ئەڭ ھالال يول بىلەن قولغا كەلگەن بولىدۇ؟“ دەپ سورالغىنىدا، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: «كىشىنىڭ ھالال مېھنىتى بىلەن ۋە ھېچكىمنى ئالدىماستىن قىلغان تىجارەتتىن كەلگەن تاپاۋىتى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەمەلىيەتتە ئۇلۇغ اللەمۇ: ﴿ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾[1] دېيىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ تاپاۋىتىنىڭ تەلەيگە ۋە تاسادىپىيلىققا باغلىق بولماي، ھالال تەرىنىڭ، ئەجىر – مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئىسلام، ئەجىر ئۇلۇغلانغان ۋە ماددىي – مەنىۋىي قىممەتلەر شەكىللەنگەن بىر جەمئىيەت مودېلىنى كۆزدە تۇتىدۇ. قىمار ئويناشلا ئەمەس، بەلكى قىمارغا سورۇن ھازىرلىمىسۇن دەپ پەيغەمبەرلىرىمىز قىمارغا باشلايدىغان يوللارنىڭ ھەممىسىنى ئېتىۋەتكەن:

«كىم دوستىغا: ”كەل قىمار ئوينايلى“ دېگەن بولسا، بۇ سۆزىنىڭ جازاسى ئۈچۈن سەدىقە بەرسۇن».

---

[1] سۈر□ ن□جم، 39 – باي□ت.

ئىسلامدا ئەڭ مۇھىم ۋە نورمال تاپاۋەت يولى ئەجىر. بۇ نۇقتىدىن مۇسۇلمانلار ئەجىر قىلماستىن باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن ياكى يولسىز ئۇسۇل بىلەن تاپاۋەت قىلىشتىن ساقلىنىشى، تاپاۋەتنىڭ قەيەردىن ۋە قانداق يول بىلەن كەلگىنىگە دىققەت قىلىشى، تاپاۋەتى ساپ بولۇشى، ھەم ئۆزىنى ھەم ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ھالال غىزا بىلەن غىزالاندۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، الله يولىدا خەجلەنگەن پۇلنىمۇ توغرا يول بىلەن تاپقان بولۇشى كېرەك. ھارام يول بىلەن تاپقان پۇلنىڭ خەيرى بولمايدۇ. بىر ئىنساننىڭ دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈنمۇ ھالال غىزا بىلەن غىزالانغان بولۇشى شەرت.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا پاكتۇر. پەقەت پاك بولغانلارنى قوبۇل قىلىدۇ. الله تائالا پەيغەمبەرلىرىگە نېمىنى بۇيرىغان بولسا، بەندىلىرىگىمۇ شۇنى بۇيرىغان».

جانابىي الله پەيغەمبەرلىرىگە: ﴿ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن﴾[1] دېگەن بولسا، مۇئمىنلەرگە: ﴿ئى مۇئمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر اللهقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، اللهقا (يەنى اللهنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر

[1] سۈر□ مۇ ئمىنۇن، 53 – ئاي□ت.

قىلىڭلار﴾[1] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشى الله يولىدا ئۇزۇن سەپەرگە چىقىدۇ. چېچى چۇۋۇلغان، توپا – چاڭ ئىچىدە قالغان ھالدا قوللىرىنى ساماغا ئۇزىتىپ: ئى رەببىم! ئى رەببىم! - دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھالبۇكى، يېگىنى ھارام، ئىچكىنى ھارام، كىيگىنى ھارام ۋە ھارام ئىچىدە ياشىغان بۇنداق كىشىنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ قوبۇل بولسۇن؟!»

[1] سۈر□ ب□ق□ر□، 172 – ئايەت.

# قىمار مال ئىسراپى

قىمار بىكارغا خەجلەنگەن ۋاقىت، ھېسابسىز تۆكۈلگەن پۇل دېمەكتۇر. كەلگۈسى ئۈچۈن تېخىمۇ ئاز ۋاقىت ئايرىماق دېمەكتۇر. قىمار كەلتۈرۈپ چىقارغان ماددىي زىيان ۋاقىت ۋە زېھنىي قۇۋۋەتنىڭ بىكارغا سەرپ بولغانلىقى بولۇپ، قىمار ئىسراپچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىسراپچىلىق - ئېھتىياجدىن ھالقىش، زىيان قىلىش، بىساپا ۋە بىھۇدە خەجلەش قاتارلىق مەنىلەردە كېلىش بىلەن بىللە، الله لايىق كۆرمىگەن شەكىلدە خەجلەش، اللهقا ئىتائەتتە بولمىغان يەرلەرگە بىھۇدە سەرپ قىلىش، ھارام يولدا ئىشلىتىش قاتارلىق مەنىلەردىمۇ كېلىدۇ.

ئېھتىياجنى قامدىيالمايدىغان، پايدىسىز، بىكار ئورۇنغا ئىشلىتىش ۋە نامۇۋاپىق خەج - خىراجەت، ئېھتىياجنىڭ سىرتىدا نېمەتلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى ئىسراپتۇر. مەسىلەن، غىزانىڭ بۇزۇلۇپ قېلىشى، نان، تاماق، كۆكتات ۋە مېۋىلەرنىڭ ئەخلەتكە تاشلىنىشى، كىيگىلى بولىدىغان، تېخى كونىراپ كەتمىگەن كىيىم – كېچەكلەرنىڭ، ئىشلىتىشكە بولىدىغان تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ تاشلىنىپ، ئورنىغا يېڭىنىڭ ئېلىنىشى، بىھۇدە توك ئىشلىتىش، سۇنى بىكارغا ئېقىتىپ قويۇش، ھەتتا نورمىدىن ئارتۇق يەپ – ئىچىشنىڭمۇ ئىسراپچىلىق بولغىنىدەك، كىشىنىڭ پۇل، مال ۋە مۈلكىنى قىمار، ھاراق، بۇزۇقچىلىق قاتارلىق ھارام يەرلەرگە خەجلىشىمۇ ئىسراپتۇر.

ئۇلۇغ اللّٰه بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿...يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار. اللّٰه ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ﴾[1] . شۇڭا ھەر تۈردىكى ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

قىمار ئالەمگە غەرق بولۇش، ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى قىزىل ياكى يېشىل يوپۇقلۇق قىمار ئۈستەللىرى ۋەياكى قىمار ماشىنىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈش - ۋاقىت، پۇل، ياشلىق، ئەقىل ۋە ئۆمۈرنى ئىسراپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

## قىمار مال ئىسراپى

پەقەت قىمار ئوينىغانلا كىشى بىردەمنىڭ ئىچىدە يىللار بويى جاپالىق ئىشلەپ تاپقان بايلىقىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇيدۇ. قىمار ئۈستىلى ئالدىدا پۇلنى باشقا بىرىگە تارتقۇزۇپ قويۇپ ۋەيران بولىدۇ.

## مال دېگەن جاننىڭ دۈشمىنى

پۇل – مېلىنى بىردەمدە ئۇتتۇرۇۋەتكەن بىرى كىرىزىسقا دۇچ كەلمەكتە. ئويۇنداشلىرى بىلەن جېدەل چىقارماقتا ۋە بۇ جېدەللەرنىڭ كۆپىنچىسى جىنايەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. قىمار ئوينىغان بىرى بۇ جېدەلگە ئائىلىسىنىمۇ سۆرەپ كىرمەكتە ۋە ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ھۆرمەت ۋە مېھرى – مۇھەببەتنى يوق قىلىپ، ئائىلە ھوزۇرىنىڭ بۇزۇلۇشى، ھەتتا ئائىلىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولماقتا. نەتىجىدە، قىمار سەۋەبلىك نۇرغۇن بەختلىك ئائىلىلەر قۇرۇغان گۈلدەك توزۇماقتا.

[1] سۈرە ئەئراف، 31 – ئايەت.

# قىمار ۋاقىت ئىسراپچىلىقى

ۋاقىت ئېقىن سۇغا ئوخشايدۇ. ۋاقىت ئىچىگە چىرايلىق – سەت، ياخشى – يامان يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بەزىلەرگە شىپا، بەزىلەرگە ئىزتىراپ، بەزىلەرگە قۇپقۇرۇق، يەنە بەزىلەرگە لىپمۇلىق... بەزىلەرگە بەك قىسقا، يەنە بەزىلەرگە چەكسىز... بەزىلەر ئۈچۈن قەدىرسىز، يەنە بەزىلەر ئۈچۈن بىباھا... مانا بۇلارنىڭ يىنىدا ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بىر ھەقىقەت ـ ۋاقىت، اللهنىڭ بىز ئىنسانلارغا ئېھسان قىلغان ئەڭ بۈيۈك نېمىتىدۇر.

ھەر نەرسە ۋاقىت ئىچىدە مەۋجۇت بولماقتا، تەرەققىي قىلماقتا ۋە يەنە ۋاقىت ئىچىدە يوقالماقتا. ئىنسان ھاياتىدا مۇھىم بىر ئورۇنغا ئىگە بولغان ئىلىم، بايلىق ۋە باشقىلار ۋاقىت ئىچىدە قولغا كەلمەكتە...

قۇرئانى كەرىمدە: ﴿زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرىنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر﴾[1] دېيىلىپ، ۋاقىتنىڭ قىممىتى كۆرسىتىپ بېرىلمەكتە. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىسىدە مۇنداق دىگەن:

«بەش نەرسە كېلىشتىن بۇرۇن بەش نەرسىنىڭ قىممىتىنى بىلگىن. كېسەل بولۇشتىن بۇرۇن ساقلىقىنىڭ، قېرىلىقتىن بۇرۇن

[1] سۈر□ ي□سر، 1 – ۋ□ 2 – ياي□تل□ر.

ياشلىقنىڭ، نامراتلىقتىن بۇرۇن بايلىقنىڭ، ئالدىراشلىقتىن بۇرۇن بىكارلىقنىڭ ۋە ئۆلۈشتىن بۇرۇن هاياتلىقنىڭ قىممىتىنى بىلگىن».

هاياتىمىز مىنۇت ۋە سېكۇنتلار ئىچىدە داۋام قىلىدۇ... پۈتۈن بايلىقلارنى پىدا قىلساقمۇ، رەببىمىز ئاتا قىلغان ئۆمرىمىز تۈگىگىنىدە، بىر سېكۇنتنىمۇ قايتۇرۇۋېلىشقا كۈچىمىز يەتمەيدۇ ۋە چارىسىز قالىمىز. شۇنداق بولغانىكەن، ۋاقىت بىز ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك.

ئەمما ۋاقىت قەدىرلەنمىگەن، توغرا ياكى ئۇنۇملۈك پايدىلىنىلمىغان نېمەتلەرنىڭ بىرى. كۆڭۈل ئارامسىزلىقى، ۋاقىتنىڭ ئۆتمەسلىكى، ۋاقىت ئۆتكۈزۈش قاتارلىق زامانىۋىي كېسەللىكلەر، ۋاقىتتىن ئۇنۇملۈك ۋە سۈپەتلىك پايدىلىنالمايدىغان كىشىلەر مۇبتىلا بولغان دەرتكە ئايلىنىپ قالدى. ۋاقىتنى قارتلار ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن، تاڭ ئاتقۇچە قىمار ئۈستىلىنىڭ ئالدىدىن كېتەلمىگەن قىمارۋازلار قىمار پاتقىقىغا پاتقان بىچارىلەردۇر.

ئۈستەل ئۈستىدە ئۆزىنى يەڭدىم دەپ ئويلىغانلار ئەسلىدە ئۆمرىنىڭ باھارىنى يوقاتقانلاردۇر. ئۇلارنىڭ يوقاتقانلىرى پەقەت ئۈستەل ئۈستىدىلا ئەمەس ئەلۋەتتە. قىمارغا ئەمگەك سەرپ قىلىۋاتقان شۇ دەقىقىلەردە، ۋاقىتنى تەلەي ئۈچۈن خەجلىمىگەنلەر ئۇلارنىڭ هاياتىدىن بىر – بىرلەپ چىقىپ كېتىدۇ. ئېرىشكىنى يالغۇزلۇق، يوقاتقىنى بولسا، مال –دۇنياغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان ئائىلە سۆيگۈسى. ئېرىشكىنى قاراڭغۇ ۋە سوغۇق «هوزۇر»... دېمەك، ئۇ ئەسلىدىلا ئىزچىل يوقاتقۇچى...

بىر كۈنى ئەفلاتۇن شاگىرتلىرىدىن بىرىنى قىمار ئويناۋاتقاندا تۇتۇۋېلىپ ئەيىبلەپتۇ ۋە:

- مەن بەك ئاز پۇلغا ئويناۋاتاتتىم، - دېگەن شاگىرتىغا:

- مەن سىنى ئۇتتۇرغان پۇلۇڭ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يوقاتقان ۋاقتىڭ ئۈچۈن ئەيىبلەۋاتىمەن، - دەپتۇ.

قىمار ئوينىغان كىشى ئەڭ قىممەتلىك بولغان ۋاقتىنى بىكارغا ئۆتكۈزگەنلىكىدىن ئاددىيسى ئىبادەتلىرىنىمۇ ۋاقتىدا ئادا قىلالمايدۇ.

ئەسلىدە، كائىناتقا يارىتىلغان ھەر نەرسىدىكى تەرتىپ ۋە ئىنتىزام، ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمىز، سۈلغان ھاياتلار، چاچلىرىمىزغا چۈشكەن ئاقلار، ھەر كۈن ئۆلۈم خەۋىرى ئاڭلاپ تۇرىدىغان قۇلاقلىرىمىز، بىلگەنلەرگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرىۋاتىدۇ.

"ئوتتۇز ئۈچ يىل سائىتىم ئىشلەپ، مەن تۇرۇپتىمەن. كۆك يۈزىدىن خەۋەرسىز لەگلەك ئۈچۈرۈپتىمەن" دەپ يازغان شائىرنىڭ دىمەكچى بولغىنى بەلكى مۇشۇ بولسا كېرەك. بىر كۈنى ئىنسانلار اللهنىڭ دەرگاھىغا بارىدىغان، يەنى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سەپىرىدە الله رىزاسىغا ئۇيغۇن قىلغان ئەمەللىرىمىز ۋە سەرپ قىلغان ۋاقتىمىزدىن باشقا سەرمايىمىز بولمايدۇ...

# قىمار سالامەتلىككە زىيانلىق

ئىنسان - ئۇلۇغ اللّٰه تەرىپىدىن ئەڭ گۈزەل، ئەڭ مۇكەممەل قىلىپ يارىتىلغان مەۋجۇتلۇقتۇر[1]. اللّٰه ئىنسانغا ئەقىل ۋە ئىرادە قاتارلىق بىباھا نېمەتلەرنى بېرىپلا قالماي، ئۇنى سالامەتلىك، ئىشتىھا، بايلىق، مۈلۈك ۋە ئەۋلات قاتارلىق سانسىز نېمەت بىلەن بېزىگەن. ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىز ئىنسانغا شۇ قەدەر شاپائەتلىككى، بەرگەن نېمەتلەرنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس[2].

ئىنسانغا بۇنچە نېمەتنى، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى بەخش ئەتكەن اللّٰه تائالا ئىنساندىن بۇلارنىڭ قەدر ۋە قىممىتىنى بىلىشىنى ئۈمىد قىلغان. ئىنسانغا بېرىلگەن بۇ ئىلاھىي ئامانەتلەرنى ياخشى ئىشلىتىشىنى، پۈتۈن ئۆمرىدە ئۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى ۋە ئاسرىشىنى ئارزۇ قىلغان. يەنە بېرىلگەن نېمەتلەرنىڭ ھېچبىرىنى خەتەرگە ئۇچراتماسلىقنى ۋە زايە قىلماسلىقنى ئەمر قىلغان[3].

ئىنسانغا ھاياتىدا ئىگە بولىدىغان ماددىي ۋە مەنىۋىي ئىمكانلارنى قالايمىقان ئىشلەتمەسلىكى ۋە ئىسراپ قىلماسلىقى توغرىسىدىمۇ تەنبىھ بەرگەن.

[1] سۈر□ تىن، 4 – ئاي□ت.

[2] سۈر□ ئىبراھىم، 34 – ئاي□ت.

[3] سۈر□ ب□ق□ر□، 195 – ئاي□ت.

شــەك – شۈبھىســىزكى، ئىنســانغا بېــرىلگەن بــۈنچە سانســىز نېمەتلەردىن ئەڭ ئاۋۋال ساغلاملىق كېلىدۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

«ئىككــى نــېمەت بــاركى، ئىنســانلارنىڭ ھەممىســى ئۇلارنىــڭ قىممىتىنى بىلمەيدۇ، ئالدىنىــدۇ. ئۇلارنىــڭ بىــرى ســاغلاملىق، يەنە بىرى بوش ۋاقىت».

ســـاغلاملىق ۋە بـــوش ۋاقـــت ھەقىقەتەنمـــۇ ئىنســـانلارنىڭ كۆپچىلىكىنى چوڭقۇر غەپلەتتە قويىدىغان، ئەمما ئىنسان كۆنلەرنىــڭ بىرىــدە ئۇنىــڭ قولــدىن چىقــىپ كېتىۋاتقــانلىقىنى كــۆرۈپ، ئانــدىن ئۆزىنىڭ ئالدانغىنىنى چۈشىنىدىغان ئىككى بۈيۈك نېمەتتۇر.

قانۇنىي سۇلتان سۇلايمان: ”خەلق ئىچىدە ھەقىقىي بىر نەرسە يــوق دۆلەت كەبــى، بولمىغــاي دۆلەت جاھانــدا بىــر نەپەس ســاقلىق كەبى“ دېگەن بولۇپ، مانا بۇ قۇرلاردا ساغلام ھايــات - نېمەتلەرنىــڭ ئەڭ گۈزىلى ئىكەنلىكى يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بولۇپمۇ ھاراق، زەھەر، تاماكا ۋە قىمار قاتارلىق زىيــانلىق ئــادەتلەر ئادەمنىڭ ھەتتا كوللېكتىپنىڭ ساغلاملىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەھــدىت ســـالىدىغان ئالـــدىنقى قاتـــاردىكى زىياندىشـــلاردۇر. ئەكســـچە، ســـاغلاملىقنىڭ قوغدىلىشـــى ئىســـلامنىڭ قوغدىلىشـــدىكى بەش ئاساســي غايىنىــڭ، شــۇنداقلا، كېســەللىكتىن ســاقلىنىش، ســاغلام ياشاش دىنىــي مەجبــۇرىيەتلەردىن بــىرى. چــۈنكى ھەمــمە نەرســە ساغلام بولۇشى كېرەك. ســاغلاملىق اللهنىــڭ قۇللىرىغــا بەرگەن بۈيــۈك نېمىتى.

اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار﴾[1] دېيىش ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغان، ساغلاملىقىنى يوقىتىدىغان ۋەياكى زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەن. شۇڭا ئىنسان پۈتۈن ناچار ئادەتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆمۈر، ساقلىق، زېھىن ۋە كۈچ خوراتقۇچى قىماردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى قىمار ئىنسانلارنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى تارتىۋالىدىغان، روھىي ۋە بەدەن ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ناچار خاھىش. ھېرىستىن تۇغۇلغان ھاياجان ئىلكىدە تاڭ ئاتقۇچە قىمار ئۇستىلىدىن ئايرىلمىغانلار، ئۇ يەردە پەقەت بايلىقلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى سالامەتلىكىدىنمۇ ئايرىلىشقا باشلايدۇ. چۈنكى كېچە بىلەن كۈندۈزى ئېنىق بولمىغان، تاماقنى ۋاقتىدا يېمىگەن، ۋاقتىدا ئۇخلىمىغانلىقى ئۈچۈن كېسەللىككە مۇبتىلا بولىدۇ.

[1] سۈر□ ب□ق□ر□، 195 – ئاي□ت.

# قىمار ھېرىسى

”قىمار - ھېرىس ۋە تەمەنىڭ بالىسى، ئىسراپچىلىقنىڭ ئاتا – ئانىسىدۇر“.

قىمار ئويناش بىر ھېرىس بولۇپ، قىمارۋازلار ئۇنى ھېرىسمەنلىك بىلەن ئوينايدۇ. ھېرىس - تەمەخورلۇق، تويغىنىنى بىلمىگەن بىر ئارزۇ بىلەن بەزى نەرسىلەرنى ئىستەش، ئېغىر تەلەپ ۋە ئارزۇ دېمەكتۇر. ئەمما ھېرىس ھەر دائىم ئۇتۇش ئارزۇسىغا باغ چۇشمەيدۇ. ئەسلىدە بۇ ھېرىس بىر قاراشقا ئۆزىنى تۇگەشتۇرۇش ھېرىسى، ئۆچى ۋە ئاچچىقىنى ئۇزىدىن ئالىدىغان ئازغۇنلۇقتىن ئىبارەتتۇر...

قىمار ئويىنغاندا ئوتتۇرىدا ئۇتىدىغان بىر نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن، قىمارۋاز ھېرىسى ئۇنى يېڭىۋېلىشقا كۈشكۈرتىدۇ. ئەمما مەسىلە پەقەت يېڭىۋېلىشتىنلا ئىبارەت ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى قىمارۋازلار ئۈچۈن يېڭىش ئىككىنچى ئامىل. بۇ يەردە يەنە باشتىن – ئاخىر كۈشكۈرتىلگەن بىر ھېرىس بار. يوقتىلىدىغان نەرسىنىڭ تۈگەنچىسى، قىممىتىمۇ ئېرىشكىنىنىڭ قىممىتىگە تەڭ بولىدۇ. ئەمما بۇ يەردىكى مەسىلە ئۇتۇش ياكى ئۇتتۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭدۇر. ئوينىماي تۇرۇپ ئۇتۇش بىلەن ئوينىماي تۇرۇپ ئۇتتۇرۇش ئارىسىدا، قىمارۋاز نۇقتىسىدىن ھېچقانداق پەرق يوق. ھەر

ئىككىسىلا ھېرىس، ماختىنىش، سۆيۈلۈشتىن ئايرىلغان بولىدۇ. قىمارۋازلارنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى ھېرىسنى ئارزۇلىرىغا يەتكۈزۈشتۇر.

ئويۇن بۇنىڭ ئۈچۈن ئويۇنالماقتا. نەچچە قىمارۋازنىڭ، ئىش ھاياتىدا تاپقان ۋە يوقاتقىنى، قىمار ئۈستىلدە ئۇتقان ياكى ئۇتتۇرغىنىنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس. ئەگەر ئۇ كىشى ھەقىقىي بىر قىمارۋاز بولسا، قىمار ئويناشتىن ئەسلا ۋاز كەچمەيدۇ. قىمارغا ئايرىغان ۋاقتى ئىش ئۈچۈن ئايرىغىنى بىلەن تەڭ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولىدۇ. ھېچقانداق بىر كۈچ ئۇنى قىمار ئويناشتىن ۋاز كەچتۈرەلمەيدۇ، نىھايەت بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ، قىمار ھېرىسى يوقالمىسىلا!

قىمار ھېرىسى تېخىمۇ كۆپ تەۋەككۈلچىلەرنىڭ روھىدا ئەكس سادا بولۇپ ياڭرىماقتا.

چۈنكى ھەربىر قىمار ياكى تاۋكا يېڭى بىر تەۋەككۈلچىلىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. تەۋەككۈلچىلىك ئەڭ ئاخىرىدا ئېنىقسىز بىر ئويۇن ئويناش بولماي نېمە؟ تەۋەككۈلچىلىك ھەۋىسى نامەلۇم بويسۇندۇرۇش ئەمەسمۇ؟ سەيياھلار ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان خەتەرنى بىلىشىدۇ. ئەمما ئۇلارنى ساياھەتتىن توسۇيدىغان ھەر قانداق بىر كۈچ ئۇلارنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمايدۇ. ئۇ خىل قىزىقىش ۋە ئۇ خىل ھېرىس پەقەت يولغا چىقىپ، شۇ يولنىڭ سىرلىرىنى ئاچقىنىدا ئاندىن يوقىلىدۇ. سەيياھنىڭ مۇكاپاتى پەقەت ۋە پەقەت ئاتلانغان يولنىڭ ئاخىرىغا يېتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە، پەقەت شۇ سەپەر ئۈچۈنلا دېيىلگەن گەپ: بىر سەپەرنىڭ ئاياغلىششى يېڭى بىر سەپەرنىڭ باشلىنىشى دېگەن گەپ.

”ھېرىس بولمىسا، مۇۋەپپەقىيەتمۇ بولمايدۇ“ دېگەنلەر راست دەيدۇ. پەقەت ھەۋەسلىرىنى بىر نۇقتىدا تىزگىنلىيەلمىگەنلەر، ئاخىرىدا بەرداشلىق بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ...

ھېرىس بەزىدە يېتەكچىلىك قىلغان غايىسىگە قاراپ ياخشى بولىدۇ. ئىش ھېرىسى، باقمىچىلىق ھېرىسى دېگەنگە ئوخشاش... ھېرىس قىمارغا ئاغالىغىنىدەك تەۋەككۇلچىلىككىمۇ ئاغالايدۇ. سىياسەتكە ئاغالىغىنىدەك سەنئەت، تىجارەتكىمۇ ئاغالايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھېرىس ياراتقان نەرسىلىرىنىڭ قىممىتى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. ئۇ قىممەتلىك نەرسە بولۇشىمۇ، ئەرزىمەس نەرسە بولۇشىمۇ مۇمكىن...

## قىمار ئىرادىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ

ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىز بەندىلىرىگە تـوغرا – خاتـا، پايـدا – زىيـاننى پەرق ئېتەلىگۈدەك ئەقىل ۋە كۈچلۈك ئىـرادە ئاتـا قىلغـان. كىشـىلەر ئىرادىسـى ئـارقىلىق نۇرغـۇن قىيىنچىلىقلارنـى يېڭەلىگىنـدەك، تاشلىيالمىغۇدەك دەرىجىدىكى ئېغىر خۇمار، ئادەت، خۇيلارنىمۇ بىر – بىـرلەپ تاشـلىيالايدۇ. مـۇھىمى، ئەقىلنـى ئىشـلىتىش ۋە ئەقىلـگە تايىنىپ ئىرادىنى كۈچلەندۈرۈشتۇر.

ئىرادە ئىگىسى بولـۇش تـاللاش ھوقـۇقى ۋە ئەۋزەللىكـكە ئىـگە، ئەركىن ھەرىكەت قىلىش دېگەنلىك. ئەۋزەللىكىمىزنـى، ئىرادىمىزنـى ئەقىـل بىـلەن ئىشلىتىشـمىز، ئـارتۇقچىلىقىمىزنى ئوتتۇرىغـا چىقىرىشـمىز ئىنتـايىن مـۇھىم. ئىرادىنىـڭ ئىنسـاننى ئۇلۇغلۇققـا ئېرىشتۈرگەن تەرىپى دەل بۇ يەردە. ئىنسان ئىرادىسـى بىـلەن تـالاي قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ.

قىمـار كىشـىنى ھورۇنلاشـتۇرىغان، تەپەككـۇر قـابىلىيىتىنى داتلاشتۇرىدىغان، كىشىنىڭ ئەقىل ۋە ئىرادىسىنى زەئىپلەشتۈرىدىغان زىيانلىق ۋە خەتەرلىك ئادەت.

قىمار، ھەۋەسلەرگە تۈتقۇن ئىرادىنىڭ شاھىدى.

قىمار، يىقىتمىغۇچە ئۈستەلدىن كەتكۈزمەيدىغان بىر توزاق.

قىمار، ئىچىگە كىرگەنىكەن چىققىلى بولمايدىغان تۈيۈق يول.

قىمارخانىغا ئۇچقان قىمارۋازلار بىر ياي ئۇستىدە ھەرىكەت قىلىدىغان ماشىنىغا ئوخشايدۇ. بۇ ھال كىشىنى باشقا مۇراد - مەقسەتلىرىنىڭ قولىدىن يۇتۇنلەي ئېلىپ، مەيلى تارتقان تەرەپ قاراپ باشلايدۇ.

قىمار دېمەك ھېسابنى قالايمىقانلاشتۇرۇش دېمەك. كىشى نەپسى ئۇنى ئويناۋاتقان دەقىقىلەردە بەدىلىنى ئۆتەشنى ئۇنتۇلدۇرغان بىلەن، كىشى ئاخىرىدا ئېغىر بەدەل ئاستىدا قەددىنى كۆتۈرەلمەي قالىدۇ. قىمار دېمەك پۇشايمان، ئارقىغا بۇرۇلۇپ باققاندا بولسا، قەلب ئۇپۇقىدىكى چىراغلارنىڭ ئۆچكەنلىكىنى كۆرۈش دېمەكتۇر.

ئەگەر كىشى قىمارنى ھاياتىدىن بىر كۈن قوغلىيالىسا، كېيىنكى كۈنلىرىدىنمۇ قوغلىيالايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئەمما ئۇ ”بىر كۈن“نىڭ كېلىشىدە ئۈمىد شۇنچىلىق زەئىپ... چۈنكى ئوينىغانسېرى ئۇتتۇرماقتا، ئۇتتۇرغانسېرى ئوينىماقتا. شۇنداق قىلىپ، بىر ناتوغرا دائىرە ئىچىدە پىرقىراپ يۈرۈشمەكتە...

## قىمار ئاممىۋىي خاراكتېرلىك پالاكەت

قىمار بىر ئاممىۋىي خاراكتېرلىك پالاكەت. ئىسلام دىنى قەتئىي چەكلىگەن بۇ ئاپەت ئائىلە تۇرمۇشىدا تەرتىپسىزلىك، پىكىر ئىختىلابى ۋە ئېرەنسىزلىكلەرگە سەۋەب بولماقتا. نۇرغۇن ئائىلىلەرنى يوقسۇل ۋە پەرىشان ئەتمەكتە. ئەر – ئايال، ئاتا – ئانا، شېرىكلىك، دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى بۇزماقتا.

قىمار تەرتىپلىك بىر تۇرمۇشنى قالايمىقانلاشتۇرماقتا؛ جەمئىيەتنىڭ ئۇلى بولغان ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلماقتا ۋە تەزدۇرمەكتە؛ ئىجتىمائىي هاياتنى ئۇلىدىن تەۋرەتمەكتە؛ ئىش هاياتى ۋە هالال كىرىملەرنى بۇزماقتا؛ هورۇنلۇق ۋە مىسكىنلىكنى هاياتقا هاكىم قىلماقتا.

قىمار كېڭەيگەنسېرى ئاممىۋىي خاراكتېرلىك زىيانلارمۇ ئارتىپ باردۇ. ئىشچانلىقنىڭ ئورنىنى هورۇنلۇق ئالدۇ. ئىش هاياتىدا ئۇنۇم تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئۇتتۇرغانلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن سادىر قىلغان جىنايەتلەر، ئوغرىلىقلار، ماڭغان يامان يوللارنىڭ هەممىسى قىمارنىڭ بەدىلىدۇر.

قىمار ئۆزى بىلەن بىرلىكتە بىرمۇنچە يامانلىقلارنىمۇ تەڭ ئېلىپ كېلىدۇ؛ ئۆز ئىگىسىنى يەنى قىمارۋازنى هەر زامان گۇناهقا ئىتتىرىدۇ؛ چۈنكى قىمار ئۇستىلىدە پۇلنى باشقا بىرىگە تارتقۇزۇپ قويۇپ ۋەيران بولغان تەرەپ قىمار ئۇستىلىگە قايتىپ كېلىش ئۈچۈن، قايسى خىل يول بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مال ۋە پۇل تېپىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئىشىدىن

ئايرىلغان، بار بىساتىنى تۈگەتكەن، قايتۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە قەرزگە بوغۇلغان قىمار تۇتقۇنى ئۇچۇن ئوغرىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، جىنايەت سادىر قىلىش، باشقىلاردىن پارا ئېلىش ۋە باشقا ناتوغرا يوللارغا مېڭىش تەبىئىي ئەھۋال. بۇ ئەھۋاللاردا قىمار نۇرغۇن گۇناھلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولماقتا. جەمئىيەت ئەخلاقى، ئائىلە ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزالىغۇدەك دەرىجىدە كېڭەيمەكتە.

يەنە بىر تەرەپتىن، قىمار باشقا كۆڭۈل ئېچىش ۋە كۆز بوياش تۈرلىرىگە ئوخشاش، ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەردە ئىشسىزلىق، يوقسۇللۇق، سىنىپلار ئارىسىدىكى تەڭسىزلىكنىڭ ئەۋج ئالغان جەمئىيەتلەردە بىر ئۈمىد سۈپىتىدە يۇقۇملۇق كېسەلگە ئوخشاش تارالماقتا. جەمئىيەتتە ئەجىر قىلماي بېيىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر كۆپەيمەكتە. بۇنىڭ بىلەن، قىمار جەمئىيەتتىكى ئۆملۈك ۋە ئىناقلىقنىڭ ئاجىزلىششىنى، شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

# قىمار خۇمارى

”بىر قېتىم ئوينىغانغا ھېچنېمە بولمايدۇ“ دەپ باشلىغان ھەر گۇناھقا ئوخشاش قىمارمۇ ئوينىغان كىشىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خۇمار قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا قاخشالغا ئوخشاش قۇرۇتۇۋېتىدۇ. ئىنسان قىلغان ئىشىنىڭ ئۆزىنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنى قىلىشتىن قول ئۈزمەيدۇ. قىمار ئوينىغان نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىگە ئېغىر ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئويناشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

قىمار بىر تەرەپتىن خەتەر ئىچىگە كىرىشكە ئىنتىلدۇرگۈچى چىداپ تۇرغۇسىز ھاياجان؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇتۇش ۋە ئۇتتۇرۇش ئارىسىدىكى پەرقنى يوقىتىدىغان ئىنچىكە، ئەمما ئۆتكۈر بىر سىزىق.

خۇمارغا ئايلانغان ئىللەت ئۆزىنىڭ ھەققىي بولمىغان كىرىمگە ئېرىشىشكە ئۈندىگەندە، ساغلاملىقى، ئىسراپ قىلغان ۋاقتى ۋە ئۈتقىنىنى ئەسلىگە قايتۇرۇشقا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. مەسۇم كىچىك بالىنىڭ قەلبىدە پەيدا بولغان شۇۋرغاننى توختىتىشقا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. كۆزلىرى ياشقا تولغان ھالدا يولدىشىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ، كۈتۈشلەرنى تاڭلارغا ئۇلاشتۇرغان بىچارە ئاياللار تېخىمۇ ھارغىن!... ھېچبىر بەدەل يوقاتقان نەرسىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ. قىمار ئىنساننىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى بىكارغا ئۆتكۈزىدىغان، ئاخىرىدا ئەڭ يېقىنلىرىنىمۇ بۇ ئاپەتنىڭ ئىچىگە سۆرەپ كىرىدىغان ناچار خاھىش بولغاچقا، قىمارۋازنىڭ ئەسلىدە

قىمار ئۇستىلىدە يوقاتقىنى ئۆز يېقىنلىرىنىڭ مېھرى – مۇھەببىتى ھېسابلىنىدۇ.

قىمار نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خۇشال ۋاقىت ئۆتكۈزۈش، كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئارام ئېلىش ۋاستىسى. ئەمما بۇ ئاددىي ۋە زىيانسىزدەك كۆرۈنگەن بۇ تىكىشىش، ئۇتۇش ھەققىدىكى شېرىن خىياللار، قىمارغا خۇمار بولغانغا قەدەر ئويناشقا ئۈندىگەن ھەۋەسلەر تۇپەيدۇر. قىمار ئۇتقان ھەر تىيىننىڭ ھېساب ئېلىشى، بەدەلسىز باشلانغان كۆڭۈل ئېچىشنىڭ كىشىگە ئېغىر بەدەل تۆلىتىشى، پۈتۈن ئۆمرى قەرز تۆلەش بىلەن ئۆتۈش دېمەكتۇر... قىمار تۈيۈق يولغا قاپسىلىپ قېلىش، مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكتىن يېڭىلىش ۋە زىيان ئارىسىدا قېلىش، ئورنىدىن دەس تۇرغىنىدا تۇتقۇدەك ھېچنەرسە بولمىغانلىقى ئۈچۈن قايتا يىقىلىش دېمەكتۇر...

قىمار خۇمارى ئادەمنىڭ قىمار ئويناش ھېرىسىنى كونترول قىلالمىغۇدەك دەرىجىگە يېتىشى بولۇپ، قىمار ئويناشقا ئادەتلىنىش، ئۆزى ۋە ئائىلىگە ئېلىپ كېلىدىغان ماددىي ۋە مەنىۋىي زىيانغا ئوخشاش، كېسەللىكە مۇبتىلا بولۇش بىلەنمۇ كىشىنى ئەندىشىلەندۈرىدۇ.

قىمار ئوينىغانلار دەسلەپتە خۇددى باشقىلارغا ئوخشاشلا: "بىر ئويۇن ئويناۋاتىمەن" دەپ ئويلايدۇ. ھەتتا ئۆزىدە خالىغان چاغدا، خالىغىنى قەدەر ئويناش ئىرادىسىنىڭ تىزگىنلىگەنلىكىنىمۇ بىلىدۇ. قىمار خۇمارىدا پەقەت "ئويۇن"نىڭ ماھىيەتتە قىمار ئىكەنلىكىنى ھەممىدە بىر كېسەللىك سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن چېغىدا، بۇ دىراممىنىڭ ئىككىنچى پەردىسى ئاللىقاچان باشلانغان بولىدۇ. بۇ پەردىدە قىمار ئويناش تۇرتكىسىنىڭ كونتروللۇقى

ئاللىقاچان يوقالغان بولىدۇ، ئەتىلىرى بىر – بىرىدىن ناچار بولىدۇ. ئالدى بىلەن كۆڭۈللۈك ھاياتىدىكى مېھرى – مۇھەببەت ۋە ھوزۇرىدىن ئايرىلىدۇ، ئارقىسىدىن ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى كىشىنى ۋەيران قىلىدىغان خاتالىقلارغا نۆۋەت كېلىدۇ، ئاستا خاراكتېرلىك ۋە كۆنسېرى ئېغىرلىشىپ بارىدىغان بىر كېسەللىك باشلىنىدۇ.

كىشىلەر كۆڭۈل ئېچىشقا ۋە خۇشال ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە ئەلۋەتتە ئېھتىياجلىق، چۈنكى ئىنسان پەرىشتە ئەمەس. ئەمما كۆڭۈل ئېچىشنى يولىدا قىلىش، ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ۋە قىمارغا يېقىن يولىماسلىق كېرەك.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىشىنىڭ ئايالى بىلەن، ئوق، ياي ۋە ئات بىلەن ئوينىغان ئويۇنلىرىدىن باشقىلىرى پايدىسىز»؛ «اللهنى ياد ئېتىشتىن مەھرۇم قىلىدىغان ھەممە نەرسە قىماردۇر» دېگەننى ئوخشاش ھەدىسلىرىدە كۆڭۈل ئېچىشنىڭ ئىبادەت ھەم ۋەزىپىلەرنى تەرك ئېتىش ۋە سەل قاراش بەدىلىگە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلماسلىقى، ئويۇن ۋە كۆڭۈل ئېچىشنىڭ نۆۋىتى كەلگىنىدە، كوللېكتىپ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدىغان، مەسىلەن، ماھىيەتتە تەن ۋە زېھىننى كۈچلەندۈرىدىغان بولۇشى تەشەببۇس قىلىنماقتا.

ئالىملار ئادەتتە قىمار خۇمارىنى مۇنداق ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىپ ئىزاھلىماقتا:

بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ئېرىشكەن ھاياجانغا خۇمار كىشىلەر. ئۇلارنىڭ ئېھتىمالى ئادرېنالىن (بىر خىل ھورمۇن)نىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. بۇ گۇرۇپپىدىكىلەر

قىســتاڭچىلىقتا ۋە نۇرغــۇن كىشــىلەر بىــلەن بىلــلە ئوينىلىــدىغان ئويۇنلارنى ئەۋزەل كۆرىدۇ.

ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى كىشىلەر بولسا، كۈندىلىك تۇرمۇشــتىكى كۆڭۈلسىزلىك ياكى ئۆزىدىن قېچىپ قىمارغا يۈزلىنىــدۇ. باشــقىلاردىن خالىي، يالغۇز ئوينىلىدىغان ئويۇنلارنى ئەۋزەل كۆرىدۇ.

مەيلى قايسى گۇرۇپپىغا تەۋە بولمىسۇن، قىمارۋازنىــڭ كالللىســىدا ھەر زامــان قىمــار بــار بولــدۇ. يېڭىلگىنىــدىن ساــۋاق ئالمايــدۇ ۋە قانچىلىــك يوقاتقىنىــدىن قەتئىيــنەزەر ھامــان بىــر كــۈنى يــېڭىش ئىشەنچىســـى يوقالمايـــدۇ. قىمــــارنى تاشلىشـــى كېرەكلىكىنـــى چۈشــەنگىنىدە بولســا، ئــۆزىنى بىئــارام ۋە كەيپىيــاتى تــۆۋەن ھــېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ”ئويىنــاش“ جــاننى ســىقىدىغان بــۇ ھــالەتتىن، خىيالدىن، تۇيغۇدىن ياكى ئــادەملەردىن قېچىشــنىڭ راھەت يولــدۇر. ئەڭ چوڭ كۈرىشى ئۇتتۇرۇۋەتكەن پــۇلنى ئورنىغــا ئەكىلىــش ئۈچــۈن قايتا – قايتا ئويناش. قىمارغا بولغــان قىزغىنلىقــى ۋە ئويــۇن ئوينــاش نىسبىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىمۇ ئىشەنگۈدەك يالغانلارنى توقۇيدۇ. بــۇ يالغــانلار كېــيىن قىمارغــا پــۇل تېــپىش ئۈچــۈن غەيــرى يوللارغــا كىرىشىنىڭ ئىپادىسى بولىدۇ.

قىمـــارۋاز قىمـــار ۋە ئويـــۇننى ھاياتىنىـــڭ مەركىـــزى نۇقتىســـى قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى ۋە ھەۋەسىدىن باشقا نەرسىنى كۆرمەيــدۇ ھەم ئويلىمايدۇ. بۇ ھەۋەسنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قــانۇنلۇق بولمىغــان ھەمـــمە ۋاســـىتىلەر (يالغـــانچىلىق، ھىيلىگەرلىـــك، ئوغرىلىـــق، ســـاختىپەزلىك ...)نـــى ســـىناپ باقـــدۇ. ئـــش ۋە شەخســـي تۇرمۇشـــىدىكى مۇناســـۋەتلىرى زىيانغــا ئۇچرىغانلىقىــدىن، مــاددىي جەھەتتىن يوقاتقانلىرى بىلەن بىرگە يېقىنلىرىدىنمۇ مەھرۇم قالىــدۇ.

قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئۆزىنى ھاڭغا سۆرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگۈسى ۋە ياردەمگە موھتاج بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ.

بۇ ھالغا كەلگەندە، ھۆرمەتنى ئۇنتۇش، تۇرمىگە كىرىش دائىملىق كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ھادىسىلەردۇر. ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش بولسا، ئەڭ ئاخىرىدا قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان باسقۇچ. بەزىلەرنىڭ يېقىنلىرى پۇل بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق بۇنى ۋاقىتلىق كىچىكلىتىۋەلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ ياردەم ئالمىغان مۇددەتتىكىچىلىكمۇ ياخشىلىنالمايدۇ. بۇ ئەھۋالدا مال – دۇنياسىنىڭ سورۇلۇپ كېتىشى بىر ئائىلىگە ھەر جەھەتتىن كىرزىس ئېلىپ كېلىدۇ. باللارنىڭ ئاتا – ئانىسىنىڭ كارى بولماستىن چوڭ بولۇشىمۇ ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىچىدىكى خۇمارغا تەقلىت قىلىپ، ھاراق ۋە زەھەرگە خۇمار بولۇشقا تەرەققىي قىلىش نىسبىتى نۆۋەتتە تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.

قىمار خۇمارىنىڭ ئىجتىمائىي مەنىدە جەمئىيەتكە بولغان تەسىرىمۇ سەل قاراشقا بولمىغۇدەك دەرىجىگە يېتىپ باردى. قەرزلەرنىڭ تۆلەنمەسلىكى ئەھۋالدا قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئاجرىششنىڭ ئېشىپ بېرىشى، ۋەيران بولۇش ئۇقتۇرۇشى ۋە قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىش ۋە بۇلارنىڭ باھا، چەك ۋە قەرز كارتى ئالدامچىلىقى بىلەن ئەيىبلىنىشىنىڭ ئارتىشى، تۆلەنمىگەن باج قاتارلىقلار قىمارغا خۇمار بولغان كىشىنىڭ ئېلىپ كەلگەن زىيىنىنىڭ پەقەت بىر قىسمى.

نەتىجىدە، قىمار يولىدا ھەر نەرسە دوغا تىكىلىپ تۈگەيدۇ. قىمار ھاياتنىڭ گۈزەللىكىگە ئائىت ھەر نەرسىنى ئېلىپ كېتىدۇ. قىمار خۇمارى كىشىلەرنىڭ بىر – بىرىگە بولغان ھۆرمىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىدۇ.

ئوچاقلارنى ئۆچۈرگەن،
ۋاقتلارنى ئۆلتۈرگەن،
شەيتاننى بەك كۈلدۈرگەن،
هاياتتا ئاپەت قىمار.

ئائىلىلەرنى بۇزغان،
مەينەت پۇلدۇر ئاققان،
بالىلار يولغا باققان!
هوزۇر كېپەنى قىمار.

بايلىقلارنى تۈگەتكەن،
يانچۇقتا يوق بىر تىيىن،
قىمار يامان بىر ئىللەت،
داردىن باشقا يوق كېيىن.

## مەۋھۇم دۇنيادىكى قىمار

تەرەققىي قىلغان تېخنىكىلىق شارائىتلار قىمارنى ئۇستەل بېشىدا ۋە بىر قانچە كىشى تەرىپىدىن ئوينىلىشىدىن ئازاد قىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئىشتىراك قىلغان سانسىز قىمار تۈرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۈگۈنكى كۈندە قىمار ئېنېرنېت تورىدىن ئىبارەت مەۋھۇم دۇنياغا كۆچۈپ، ئىنتايىن راھەت ئوينىغىلى بولىدىغان ھالەتكە يەتكەن. ھەقىقىي ھاياتتىن مەۋھۇم دۇنياغا كۆچكەن قىمارخانىلار قىمار خۇمارلىرىغا ناھايىتى قولاي قىمار سورۇنى ھازىرلاپ بېرىپ، بۇ ئارقىلىق يېڭى بىر تۈركۈم قىمار خۇمارلىرىنى چۆرىسىگە يىغىشقا باشلىدى. بۇ مەۋھۇم دۇنيادىكى قىمار خۇمارلىرى كۈنسېرى ئېشىپ بارماقتا.

تۇنجى باسقۇچتا ھەقسىز قىمار ئوينىغىلى قويغان تور بېكەتلەر كېيىنچە ياشلارنى ئاستا – ئاستا ئىندەككە چۈشۈرمەكتە. ئې - قىمار، تور قىمارى، ئوچۇق لېنىيە كاسىنۇ، ئوچۇق لېنىيە قىمارى دەپ ئاتالغان مەۋھۇم دۇنيا قىمارلىرى مەۋھۇم دۇنيادا قۇرۇلغان بىر توزاقتۇر. بىر چېكىش ئارقىلىق بۇ خىل قىمارخانىلارنىڭ ئىشىكىدىن ئاسانلا كىرىپ، تىكىشتۈرۈگەن ياكى قىمار ئويناتقان تور بېكەتلەر بىلەن تېپىشقىلى بولىدۇ. مەۋھۇم دۇنيادا كىشىنى قىمار ئويناشقا ھېرىس قىلىش ئۈچۈن ھەرخىل ھىيلە – نەيرەڭ بىلەن مۇكەممەل پىلانلانغان بولىدۇ. ھەتتا نەق پۇلغىمۇ ئېھتىياج يوق، بەلكى بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قەرز كارتى ياكى بانكا كارتى بىلەن ئېنتېرنېتكە ئۇلانغان

بىر كومپيۇتېر بولسىلا يېتەرلىك. تور بەتلەرمۇ ناھايىتى ياخشى لايىھەلەنگەن بولۇپ، ئويۇن تىزىملىكىمۇ ناھايىتى چوڭ ھەجىملىك بولىدۇ. ئۇتقانمۇ، ئۇتتۇرغانمۇ بېرىلگەن قەرز كارتى ياكى بانكا ھېساب نومۇرىدىن تۇتۇلىدىغان بولغاچقا، قانچىلىك ئۇتقان ياكى ئۇتتۇرغىنى باشلىنىشتا ئېنىق بولمايدۇ. ئەمما ئاخىرىدا ئۇتتۇرغىنى ئادەم ياكى ئادىمىيلىك بولىدۇ - خالاس. پەقەت پۇللا ئەمەس، ئۇتۇش تەس بولغان بۈيۈك بىر كېلەچەكنىمۇ ئۇتتۇرىدۇ. ئۈمىدلەر، خىياللار!.. بۇ مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەمەلىيەت بىلەن يۈزلىنىش كېرەك.

## قىمار قەرزى نومۇس قەرزىدۇر

قىماردا ئۇتقان كىشى ئالىدىغىنىنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن كاپالەت ئاستىغا ئېلىش زۆرۈرىيىتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ. قانۇن ئورگانلىرى ئۇنى بۇ كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتمىگەنلىكى، يەنى ”قىمار قەرزىدىن ئالىدىغان ھەققىنىڭ تېخى پەيدا بولمىغانلىقىنى“ ئوچۇق ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، جەمئىيەتمىزگە نىسبەتەن ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ سەزگۈر، ئەڭ قىممەتلىك بولغان ”نومۇس“ قورالىغا تېگىشلىغانلىقىنى ۋە قىمار قەرزىنىڭ نومۇس قەرزى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

نورمال ئەخلاقىي قوراللارغا نىسبەتەن ”ناچار“ خاھىش ھېسابلىنىدىغان خاھىشلار كەلتۈرۈپ چىقارغان قەرز دىنىدىكى ئەخلاقى ئۆلچەملىرىگىمۇ ئەلۋەتتە خىلاپ.

قىمار ئۇستىلىدە نومۇس ۋە شەرەپ چەتكە قايرىلىپ قالىدىغان تۇرسا، يەنە نومۇس ئۇقۇمىدىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟ قىمار ئۇستىلىدە دوغا تىكىدىغان بىر نەرسىسى قالمىغاندا قىزى ۋە ئايالىنى دەسمىي قىلسا، بۇمۇ نومۇس قەرزى ھېسابلىنامدۇ؟ ئەسلىدە قىمار قەرزى ئابروييسىز ھاياتنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى بولۇپ، قەرزدار بۇنىڭ بەدىلىنى ئەڭ يېقىنلىرىنى پىدا قىلىش بىلەن ئۆتەيدۇ...

قىمار ھەممە نەرسىسىنى يوقاتقىنىنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە چوڭقۇر قەرز پاتقىقىغا چۆكۈش دېمەكتۇر. بۇ ئويۇن قەرزىنىڭ

## قىمار

بەدىلىنى كىشى پۈتۈن ئۆمرىنىڭ قىممىتى بولغان نومۇسى بىلەن ئۆلچىگۈدەك ئىغىردۇر.

## ئاقىۋەت

قىمار ـ ئىنساننىڭ ھالال ئىشلەپ پۇل تېپىش ئارزۇسىنى يوق قىلىپ ھورۇنلۇقۇا باشلايدىغان، باشقىلارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى ناھەق يول بىلەن ئۆز ئىندىكىگە چۈشۈرۈش ھېرسىنى ئارتتۇرىدىغان، كىشىنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنىڭ يوقلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ناچار خاھىش.

قىمار ئىنسانلارنى بىر – بىرىگە دۈشمەن قىلىدىغان، سۆيگۈنى، ھۆرمەتنى يوقىتىپ، ئىنسانلار ئارىسىغا ئاداۋەت، نەپرەت ۋە دۈشمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى تېرىيدىغان، ھوزۇرنى بۇزىدىغان، ئەخلاق – پەزىلەتنى ئاستىن – ئۈستۈن قىلىپ، ئىنسان ھاياتىنى زىندان قىلىپ، قېرىنداشلىق تۇيغۇلىرىنى يوق قىلىدىغان بىر ئىجتىمائىي ئاپەتتۇر.

قىمار يەنە كىشىنى ئۇلۇغ ياراتقۇچىسىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئەبەدىي ئۈمىدسىزلىككە كېپەنلەيدىغان ئىللەتتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئىسلامدا قىمار چەكلەنگەن بولۇپ، ماددىي ئېرىشىش (تاپاۋەت) ۋە يوقىتىشىنىڭ تەلەيگە ياكى نامەلۇم بىر نەتىجىگە باغلانغان ھەر تۈرلۈك بەسلىشىش ۋە تەلەي ئويۇنلىرىنىڭ قىمار ئىكەنلىكى، بۇ خىل ئۇنسۇر (دوغا تىكىش) بولمىغان ھەرخىل ئويۇنلارنىڭ بىۋاستە قىمار ھېسابلانمىسىمۇ، قىمارغا ۋەسىلە بولغۇچى ۋە خۇمار قىلغۇچى گۇمانلىق ئىشلار ئىكەنلىكى ئېنىق بايان قىلىنغان.

ئەتراپىمىزدا قىمار سەۋەبلىك قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ ياشلىق باھارىدىن، كىملىكىدىن، بارلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىشى، دوستلۇق

رىشتىنىڭ ئۈزۈلۈشى، قانچىلىغان ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران بولۇپ، هايات چىرىقىنىڭ ئۆچۈشى، قانچىلىغان بايلىقلارنىڭ سورۇلۇپ كېتىشى، قىمارۋازلارنىڭ باشلىنىشتا پوچى، ئاخىرىدا بولسا ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ، قۇرۇپ قاخشال بولغان بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت، يەنى قىمارنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

تون بويى قىمار ئۈستىلىدىن ئايرىلالمىغانلار بۇ يولدا ساقلىقىنى، بايلىقلىرىنى، ئەخلاقى ۋە ۋاقتىنى يوقىتىش بىلەن بىللە ئادىمىلىكىدىن يىراقلاشماقتا. يوقاتقانلىرىنى زورىغا قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن جىنايەت سادىر قىلماقتا. يوقاتقانلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلماقتا، يامان يوللارغا ماڭماقتا...


قىماردا ئۇتتۇلغان ۋە ئۇتتۇرۇلغان ھەربىر تىيىندە يېتىمنىڭ، يوقسۇلنىڭ، مۇساپىرنىڭ، قىيىنچىلىقتا قالغانلارنىڭ، كېسەللەرنىڭ ھەققى بار.

قول ھەققىگە خىيانەت ھېسابلىنىدىغان قىمار ھەۋىسى جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى چۆكتۈرمەكتە. ئۇنداق بولغانىكەن، ۋاقىت زايە قىلماستىن، ۋاقتىمىزنى ئالغان، بايلىقىمىزنى سورۇپ تۆگەتكەن قىماردىن ساقلىنايلى. ھاياتىمىزدىكى خاتالىقلارغا خاتىمە بېرەيلى. سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆمىسىزلىكتىن، ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سۆيگۈسىزلىكتىن، قىماردىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك. رىسقىمىزنى ھالال تېپىپ يېيىش ئۈچۈن ئەجىر قىلايلى!

ئىجتىمائىي ئاپەت بولغان قىمارنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئۆچ - ئاداۋەت، نەپرەت ۋە دۈشمەنلىككە يول ئېچىشىدا شۈبھە يوق. ئارقىدىن ساقايماس جاراھەتلەرنى، پالاكەتلەرنى پەيدا قىلىشى

ناھايىتى ئېنىق. پۈتۈن بـۇلارنى كـۆرگەن، بىلـگەن ۋە ئـۇ توغرىســدا پىكىر يۈرگۈزۈپ باققان كىشىلەردىن، قۇرئانى كەرىمدە دېيىلگىنىدەك شۇنداق سوراش كېرەك:

«بۇلاردىن زادى ۋاز كەچكىلى بولمامدۇ؟»



## بىر قىمارۋازنىڭ خاتىرىسىدىن

سوتچى ئۇستەلگە يۆلەنگىنىچە ئوقۇۋاتاتتى... بىر ئەۋلىيادىن بىر قانچە جۈملە سۆز: مەن بارلىقىنى بىرلا مەقسەت ئۈچۈن ئاتا قىلىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىر قىمارۋازدىن چۈشەندىم. مال - مۈلكىنى، روھىنى ۋە نام - ئابرۇيىنى قىماردا يوقاتقاندىن كېيىن، ئۈچىسىدىكى كونا كىيىمى ۋە قەلبىدىكى ئەڭ ئاخىرقى شەرەپ زەررىچىلىرىگە قەدەر ئۆزىنى قىمارغا ئاتىغان شۇ كىشىدىن: "نېمىشقا بۇ پالاكەت يولدىن قايتمايسەن؟" دەپ سورىدىم. سىز ئۇنىڭ قانداق جاۋاب بېرىشىنى كۈتىسىز؟

"مەن بۇ يولدىن قايتالمايمەن! يوقاتقانلىرىمنى ماڭا ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ بەرسىمۇ، يەنە ئۇنىڭ قېشىغا قايتىشقا مەجبۇرمەن! قىماردەك پالاكەت نەرسىنىڭ سېھرى كۈچىدىنمۇ بەك جەلپكار بىر سائادەت كۆرمىدىم. ھېچبىر كۈچ مېنى ئۇنىڭدىن ئايرىيالمايدۇ".

قىمارۋازنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مۇنداق ئويلىدىم: ئەگەر ئىنسان مۇشۇ ئىشتىياق بىلەن قىماردىن ئايرىلىپ، "الله" يولىغا بېرىلىدىغان بولسا، ھەرقانداق غايە ئەمەلگە ئاشامدۇ؟

مەن (يەنى قىمارۋاز - ئەۋلىيانىڭ سۆزلىرىنى تولىمۇ ياقتۇردۇم، ئەمما ئۇنىڭ جانغا تەگكۈدەك ھەق سۆزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر قەدەممۇ تاشلىمىدىم.

الله مېنى ئۆز نەپسىگە باغلاش ئۈچۈن ياراتتى. ئەمما مەن ئىچىمدە بۇ باغلىنىشنىڭ سەرمايىسى سۈپىتىدە نېمە بولسا

ھەممىسىنى اللهتىن يىراقلىشىشقا سەرپ قىلدىم، مەن بىر ئامانەت خائىنى!

مەن ئىنسان نەپسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قىماردىن بىلدىم. نەپسىم، خۇددى قولى كۆيگەن بالىغا ئوخشاش ئىرادەمنى كۆيدۈردى. قولى كۆيگەن بالا ئاغرىقى پەسەيسۇن دەپ قولىنى سۇغا قانداق چىلىغان بولسا، سۇدىن چىقارغان چېغىدا ئاغرىقنىڭ تېخىمۇ كۆچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى قانداق ھېس قىلغان بولسا، مەنمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشاش قىمارنىڭ سوغۇق سۈيىدە كۆيگەن روھىمنى بىر ئاز بولسىمۇ پەسەيتىشتىن ۋە نەتىجىدە پۈتۈنلەي كۆيمەكتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمىدىم. بۇ قىلىقىم ئۇسسۇزلۇقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن گاز ئىچكەن بىر ئادەمدىن پەرقسىز بولدى. ئىچكەنسېرى سۇغا بولغان ئېھتىياجىم ھەسسىلەپ ئاشتى. ئاشقانسېرى گازدىن باشقا ئىچىدىغان نەرسە تاپالمىدىم.

ئىنسان نەپسى شۇقەدەر ئاجىز ۋە ھەر نەرسىنى ئۆز مۈلكى قىلىۋېلىش ئىستىكىگە ئۇقەدەر خۇماركى، نامەلۇم ھۆكۈمرانلىق خىرسىنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق سىناق ئۆيى بولغان قىمار دەل ئۇنىڭ كۆتكەن يېرىن چىقىدۇ. ئۇنىڭغا: ”يانچۇقۇڭدىن ئەڭ ئاخىرقى بىر تەڭگىنى ناۋاينىڭ قولىغا ھەسرەتلىك تەلمۈرۈپ تۇرغان شۇ بالىغا بەر!“ دېسىڭىز، بەرمەيدۇ! نەپسىنىڭ نەقەدەر بېخىل بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ بۇنى پەقەت ماڭا ئوخشاش قىمارۋاز بولۇپ باققانلار چۈشىنەلەيدۇ. يېتىمغا بەرگەن ئۇ بىرقانچە تەڭگىسى مەڭگۈ شۇنداق قىممەتلىك، يانچۇقىدىكى مىڭلارچە تەڭگىنى بىر قارت ۋە شىشخالىغا پىدا قىلىشتىن ھەرگىز يالتايمايدۇ. مەن پۈتۈمىدىكى ئايغىمنىڭ يېرتىلغان يېرىگە بىر تال تەڭگە سەرپ قىلىشقا چىدىماي ۋە ئۆزۈمگە

بىر تال قولياغلىق ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ، قىمارغا بىر كېچىدىلا بىر ئائىلىنىڭ بىر ئايلىق خىراجىتىنى سېلىپ بەرگىنىمنى بىلىمەن. قىمارغا بولغان ساداقىتىم شۇقەدەر بۈيۈككى، يانچۇقۇمدىكى پۇلنى مېنىڭ ئەمەس خەقنىڭكىدەك، بىر يىغىپ ساقلىغۇچىدەك ساقلىدىم ۋە ئاخىرىدا ھېچقاندىداق قۇسۇرسىز قىمارغا ئاتىۋەتتىم. شۇنداق، قىمارۋاز يانچۇقىدىكى پۇلنىڭ بىر تەڭگىسىگىمۇ چېقىلماي ساقلاپ بەرگۈچىدۇر.

ئايال كىشىگە بېرىلىشكىمۇ ئىمكان يوق!... كۆيۈپ كەتكەن روھىمغا نىسبەتەن ئايال زاتى، قىمارنىڭ سوغۇق سۆيگە سېلىشتۇرغاندا قايناق سۇدۇر. ھاراق، ئەسلا! ئۇن يىلدا ياراتقان ئىگىلىكىمنى ئۇن سېكۇنت ئىچىدە تارتىۋېلىپ مېنى كۇل قىلدۇ.

ئۆزۈمنى قانچىلىك يۈكسەكلەردە بولسامۇ، يىلاننىڭ ئۇچۇق ئاغزىغا چۈشكەن قۇشتەك ھېس قىلىمەن.

بۈگۈن ئانامنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئىچىمدىن بىر ئاۋاز: ”بېرىپ ئاناڭنى يوقلا!“ دېدى. باردىم... شۇنچە مەنىلىك، شۇنچە غەمكىن، شۇنچە ئۈمىدسىز باققىنىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن.

- ماڭا ئىچ ئاغرىتامدىكىن دېمە! - دېدى. ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتمىغانغا ئىچ ئاغرىتىش پەسكەشلىك.

- ئۆز - ئۆزۈڭنى ئالداۋاتىسەن، - دېدىم. ماڭا شۇنچىلىك ئىچىڭ ئاغرىيدىكى، ھەتتا بۇنىڭدىن نەپسىڭنىمۇ پەس كۆرۈۋاتىسەن! سەن پەسكەش ئەمەس، سەن يۈكسەكلەردىسەن، پەسكەش دېگەن مانا مەن!...

ئانام يىغلاپ كەتتى ۋە بوينۇمغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

- دېگىنە بالام قانداق قىلىمىز؟ قىماردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟

- ئۆلۈمدىن باشقا چارە تاپالمىدىم ئانا.

- ئانامنىڭ يۈزىدە دەھشەتلىك چاقماق چاقتى.

- كاشكى، كاشكى!... الله يۈرىكىمنى پارە – پارە قىلىپ تىلىگەن دۇئالىرىمنى قوبۇل قىلسۇن. قۇتۇلالمىغۇدەكسەن، ئۇنداقتا ئۆل!

ئورنىمدىن تۇرۇپ ئۈستۈمنى تۈزىتىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ ئارقامدىن كەلدى:

- داداڭدىن قالغان مال – مۈلۈكنى قۇرۇتقانلىقىڭ ۋە مېنى قوشنا

- قولۇم ئالدىدا رەسۋا قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن دەۋاتىمەن، سەن مېنىڭ ئوغلۇمنى يوقاتتىڭ! سەن قىمار ئۈستىلى ئالدىدا ئۆزۈڭنى خەجلەپ تۈگەتتىڭ!

ئى الله! ئانامنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىل! ئۆلگەنگە قەدەر يىغلىماق، تېنىمدە تەك بىر تامچە سۇ قالغانغا قەدەر ياش تۆكمەك ۋە ئاخىرىدا ياز كۈنى ئىتىزدىكى پاتمىچۇققا ئوخشاش قۇرۇپ قالماق... مۇمكىنمىدۇر؟

دوختۇرغا دېدىم:

- كېزىك، غالجىرلىق، قىزىتمىغا داۋا تېپىلىپتۇ، نېمىشقا قىمارغا تېپىلمايدۇ؟

- دوختۇر:

- دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ماددىي كېسەللىك. داۋالىرىمۇ ماددىي جەھەتتىن تېپىلىدۇ. ئەمما قىمار دېگەن مەنىۋىي كېسەللىك، شۇڭا چارىسىمۇ مەنىۋىي جەھەتتىن تېپىلىدۇ.

- مەسىلەن؟

- دىن...

- دىن - ئېتىقاد قىلغان كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا ئەڭ تۇم زەنجىردىنمۇ كۈچلۈك، ئەڭ ئىنچىكە يىپتىنمۇ ئاجىز بىر نەرسە. ئۈستۈنلۈكى ۋە قۇۋۋىتىمۇ دەل مۇشۇنىڭدىن كېلىدۇ. ئەمما روھىنى قارايتقانغا نېمە پايدا!... چوقۇم ماددىي ۋە ئۇنى قوللايدىغان بىر مەنىۋىي تەدبىرى بولۇشى كېرەك، - دېدىم.

ئۇ:

- مەستىنى، نەشكەشىنى، قىمارۋازنى بىر لاگېرغا يىغىپ، ماددىي نەرسىلىرى ئىچىدە، مەنىۋىيىتىنى داۋالايدىغان ئۇنداق غايىۋىي جەمئىيەت نەدىكەن؟!

- بىر قىمار ئۈستىلى ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ جېنىنى تىكىپ بىر — بىرىنى يېيىش ئۈچۈن قىلغان ۋەھشىيلىكلىرىنى ھايۋانلارمۇ قىلمايدۇ. قىماردا كىشىلەرنىڭ قولىغا ئېلىۋالغان شىشخالدىكى قانلىق سۈرەتنى، ئەجىبا قايسى تاپ يېگەن قۇشنىڭ تۇمشۇقىدا كۆرەلەيسىز؟

- كىچىك خانەمدە ئولتۇرۇپ بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتىمەن. رادىيو چىقىۋاتىدۇ. زامان ئاخىرىغا ئوخشاش بىر خەۋەر ساقلاۋاتىمەن! كەلمەيۋاتىدۇ! كارىۋاتتا ياتىمەن ۋە ئەتىكى قۇياش ۋاقتى توشقان

ھېساۋات قەغىزى بولۇپ قارشىمغا چىققىنىدا، ھەر كۆنلۈك دۇنيانىــڭ ھېسابىنى سورايدۇ... مەن قانداق ھېساب بېرىمەن؟...

- ســـوتچى دەپتەرنىـــڭ ئاخىرىغـــا شـــۇ قـــۇرلارنى يـــازدى: ”ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈشكە تېگىشـلىك ئەمەس“ دەپ قارالغـانلىقى ئۈچۈن ماتېرىيال سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالسۇن!

